# شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10-ئاينىڭ 26-كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك

(بېشى 1-بەتتە)

كەنت ئاھالىلىرىنى زىيارەت قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلارغا بولغان مۇلازىمەت كاپالىتى، ئاممىۋى مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، تازىلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇ-تەلىپى ۋە قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ھەل قىلىپ، ئاممىغا خىزمىتىنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە مۇلازىمەت كاپالىتى تەدبىرلىرىنى ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

چېن چۈەنگو كوناشەھەر ناھىيەسى كوئېنلۇن باغچە رايونى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، ماددىي ئەشيا زاپىسى، مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى، ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ بازار تەمىناتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋاقتىدا ئۇدۇللىشىپ، تەمىنلەش تۈرلىرىنى موللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ۋاقتىدا جايىغا تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ-تىزگىنلەپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخىكىسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، كەم-كوتىسىز ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداش كېرەك. دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشقا كۈچەپ، مۇداپىئە سېپىنى زىچ، پۇختا توقۇپ، گۇرۇپپىلارغىچە ھۆددىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئائىلىلەرگىچە زىممىگە ئېلىپ، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ، ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ساغلاملىقنى كۆزىتىش-ئۆلچەشنى ياخشى ئىشلەپ، مەنبەدىن ئۈنۈملۈك ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشقا كۈچەپ، دېزىنفېكسىيەلەش بويىچە تەربىيەلەش ۋە ماددىي ئەشيا زاپىسىنى ياخشى ئىشلەپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يۇقۇم نۇقتىسى، يۇقۇم رايونىنى ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچەمدە دېزىنفېكسىيەلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش جەريانىدىكى سۈپەت ۋە تىزگىنلەشنى چىڭىتىش كېرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، شەھەر، يېزا مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تېببىي كۆزىتىشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشقا كۈچەپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدىكى سالامەتلىكنى سەييارە تەكشۈرۈش، مۇلازىمەت كاپالىتى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، تازىلاش، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى ئىلمىي، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەلا مۇلازىمەتنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشقا كۈچەپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاممىغا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ غەم-ئەندىشىسى، ھال-ئەھۋالىنى قەلبكە پۈكۈپ، «كۆك-تاق» «ئاشلىق»قا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، دوختۇرغا كۆرۈنۈش، داۋالىنىش، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش ۋە ئۇلارغا زۆرۈر ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىراپ قالغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىش، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، ۋاڭ مىڭشەن، ليۇ سۇشې، ياڭ يۈك، ما گۇۋېي قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

سانائەت سېلىنمىسى تەكشى، مۇقىم ئېشىشنى ساقلاپ، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 4.7 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى، يېقىلغۇ گاز ھەم سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپىگە سېلىنغان سېلىنما بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 27.7% ئاشقان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سانائەت ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشنى ساقلاپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدە ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى مۇسبەت ئاشقان. جابدۇق ياسىمىچىلىقى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، كۆمۈر، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى پىششىقلاش كەسپى تېز سۈرئەتتە ئېشىشنى ساقلىغان، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپى تەكشى، مۇقىم ئېشىشنى ساقلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيە سانائىتى كەسپى ۋەزىيەتكە قارشى يۈكسىلىپ، ئېشىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە قايتا ئاشقان.

بۇ يىل 4-پەسىلدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق ئەسلىگە كېلىشنى ساقلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايون كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت-سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلار ۋە يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت يۈكىنى يېنىكلىتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇقىم تىجارەت قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۈنۈملۈك سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنى پائال كېڭەيتىپ، سودا ئارقىلىق سودىگەر جەلپ قىلىش، سودىگەر چاقىرىش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئومۇمىي ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمائىل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمىنى كېڭەيتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن يۇغۇرما تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل كۈچ بېغىشلايدۇ.

---

(بېشى 1-بەتتە)

بولۇپمۇ 2018-يىلى ئىككى دۆلەت ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى كۈنسېرى قويۇقلىشىپ، ئىككى تەرەپكە ئەمەلىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. مەن جۇڭگو-بولىۋىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو-بولىۋىيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە تولۇقلاشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، دۆلىتىڭلار ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن دىلىمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، بارلىق جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز!

10-ئاينىڭ 23-كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە شىسىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆرگەندىن كېيىن، بىر مەيدان ئۆزگىچە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇلتۇر «خەلقئارا ھەربىي ئىشلار مۇسابىقىسى—2019» «چىڭكوك» ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى تۈردە ئالتۇن مېدال ئالغان مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۈەنى «ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى ئۆتكۈر شەمشەر قەھرىمانلار لىيەنى»نىڭ شاڭشىسى لى بۇجېك مۇنبەرگە چىقىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىللە لىيەن تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتتى. بۇ ھاۋا مۇداپىئە لىيەنى ئەسلىدىكى 26-جۈن 77-شى توپچىلار تۈەنىنىڭ مەلۇم لىيەنى بولۇپ، 1950-يىلى 10-ئايدا تەشكىللىنىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال چاۋشيەن جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغان، 1951-يىلى 2-ئايدىكى 4-قېتىملىق جېڭىنىڭ 2-باسقۇچلۇق ئۇرۇشىدا، دوست ئارمىيەنىڭ يۆتكىلىشىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەن ھاۋا ئارمىيەسىگە قەيسەرلىك بىلەن زەربە بەرگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىسى قۇربان بولغان. سەپداشلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىنۇت-سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، پىششىق مەشىق قىلىپ، جەڭگىۋارلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئارمىيەسىنىڭ بۇرچ، ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىمىز.

ئالى ئېگىزلىكى، چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىدە مانېۋىر ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ئوت كۈچى تۈەنىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشى چېكىگە يەتكەندە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك، يول قويۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا باشقىلار ھەر قەدەمدە بوزەك قىلىدۇ». بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق، جاھانگىرلار يېڭى جۇڭگوغا قورال كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى سىناشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى، يېڭى جۇڭگو ھەقىقىي تۈردە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇردى. پىدائىي قىسمىنى ئۈلگە قىلىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان جەڭ قىلىش ماھارىتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، تەستە قولغا كەلگەن تىنچلىقنى ياخشى قوغداپ، تاغ-دەريالارنى ئامان ساقلايمىز، ئائىلە دۆلەتكە ئەمىنلىك ئېلىپ كېلىمىز.

بىپايان چۆللۈكتە، قۇملۇقتا تۇتۇش-يوقىتىش، تاغلىق رايوندا قوغلاپ تۇتۇش قاتارلىق تۈر مەشىقلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قانات يايدۇردى — قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى خوتەن تارماق ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر ئەمەلىي جەڭ مەشىقى ئارقىلىق رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغىدى. 20-نۆۋەتلىك «جۇڭگو قوراللىق ساقچى قىسىمىدىكى ئون چوڭ سادىق قوغدىغۇچى» قۇربان داۋۇت ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم باش قوماندانىمىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى تاۋلاپ، بىر بۇيرۇق چۈشكەن ھامان، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

10-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. خەلق ساقچىسى ئەسقەر ئابلىز مۇنداق دېدى: «بىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، خىزمەتتە جاپادىن، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي، ئاممىغا ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىش داۋامىدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىمىز».

**(مۇخبىر جېڭ يېيۈەن، قىسىمدا تۇرۇشلۇق مۇخبىر ۋاڭ گۈيىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شى جۈنجې، ۋاڭ خەيشەن، ۋاڭ جىچاۋ، فەن جۈن، يىن تىڭتىڭ، نيۇ بىن، تاڭ لىك)**

---

(بېشى 1-بەتتە)

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 51 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 19-قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارلىرى ماقۇللاندى، 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمەت نىزامى (تۈزىتىلگەن دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى (تۈزىتىلگەن دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى (دەسلەپكى لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى نىزامى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019-يىللىق كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىگىدىكى مۈلۈك (پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى خىزمىتى دوكلاتىغا قاراپ چىقىش پىكرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا كومىتېتى، مۇھىت ۋە بايلىق قوغداش كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇن خۇڭمېي، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.